دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى





# كەمپوت ئۆيى







مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# كەمپيۇت لۆي

دوستۇم                    گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق - بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل          ئاينىڭ          كۈنى.

**图书在版编目(CIP)数据**

糖果屋/(丹)安徒生(Andersen,H.C.)等著；苏真等译；卡德尔·阿尔斯郎译.—北京：民族出版社，2005.5
ISBN 7-105-06940-6

Ⅰ.糖... Ⅱ.①安...②苏...③卡... Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 031851 号

**糖果屋**

---

**责任编辑**：艾合买提江
**责任校对**：胡达拜地
**制　　版**：海龙视觉
**出版发行**：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　**邮编**：100013
**电　　话**：010-64290862(维文室)
**印　　刷**：宏凯彩印包装有限责任公司
**经　　销**：各地新华书店
**版　　次**：2005 年 5 月第 1 版　　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
**开　　本**：787 毫米×1092 毫米　　1/16
**印　　张**：7.125
**印　　数**：0001-2000 册
**定　　价**：12.00 元



# مۇندەرىجە



كەمپۈت ئۆي ........................................ 1


شاھزادە بىلەن مەلىكە ........................................ 11


ئۇچار ساندۇق ........................................ 24


سىندىباتنىڭ دېڭىز سەپىرى ........................................ 26


قىزىل پوسما ........................................ 55


چاقماق قۇتىسى ........................................ 64


سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق ........................................ 72


خاسىيەتلىك نەي ........................................ 77


تېرەك بىلەن ئېرىق ........................................ 84


ئاچ كۆز پادىشاھ ........................................ 88


نەركەس گۈل ........................................ 90


ياقۇت شاھزادە ........................................ 92


قار خانىش ........................................ 102


此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# كەمپۈت ئۆي

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر : گرىمنىڭ)

بۇرۇنىسىدا ، كۆك نامرات بىر ئوتۇنچى ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بىلەن ئورمانلىقنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيدە ياشايدىكەن . ئوغلىنىڭ ئىسمى خېنشېل ، قىزىنىڭ ئىسمى گرېتېل ئىكەن . بىر كۈنلەردە ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ ، ئوتۇنچى ئىككى بالىسى بىلەن قاپتۇ . كېيىن ، ئۇ قايتا ئۆيلىنىپتۇ . بۇ ئايال بەكلا هازازۇل ئىكەن ، هەمىشە ئۆگەي بالىلىرىنى تىللايدىكەن ، ئۇرىدىكەن ، يەنە تېخى ئېرىنى بالىلارنى تاشلىۋېتىشكە زورلايدىكەن .

ئوتۇنچى بالىلىرىغا هەرقانچە كۆيىسىمۇ ، بېشەم ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر ئىكەن . بىر كۈنى ، ئۇ تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئوچاق ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا ، ئايالى :

— شۇمۇ ئۆي بولدىمۇ ؟ ئادەمنىڭ جىقلىقىدا يا تويغۇدەك تاماق يېگىلى بولمىغان ، يا ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم ئۇچىسىغا يېڭىراق كىيىم كىيەلمىگەن ! — دەپ جاۋۇلداپتۇ ، — ئەجەبمۇ تويدۇم ! يا ماڭا تۇر ، يا بالىلىرىڭغا ! مەن كېرەك بولسام ، بۇ شۇمتەكلەرنى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئاپىرىپ تاشلىۋەت ، ئۆيگە قايتىپ كېلىش يولىنى تاپالماي قالسۇن !

ئوتۇنچى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ .





ئايالى ئوتۇنچىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. ئاخىر ئوتۇنچى ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

ياندىكى ئۆيدە تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ قالغان گرېتېل قايغۇرۇپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— قورقما، ئوبدان سىڭلىم! — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ خېنشېل، — ئەگەر ئۇلار راستتىنلا بىزنى ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىدىغان بولسا، بىز يەنە يولنى تېپىپ ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيمىز.

ئاتا - ئانىسى ئۇخلاپ قالغاندا، خېنشېل غىپپىدە تالاغا چىقىپ بىر يانچۇق ئاق تاش تېرىپ كىرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆگەي ئانا ئىككىيلەننى تۇرتۇپ ئويغىتىپ:

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار، كۈن چۈش بولغۇچە سوزۇلۇپ ياتماي! بې-رىڭلار، ئورمانلىقتا بېرىپ داداڭلارغا قارىشىڭلار! — دەپتۇ.

ئوتۇنچى بالىلىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قارالماي، ئۈندىمەي ئالدىدا مېڭىپ-تۇ، بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندە، خېنشېل يانچۇقىدىكى ئاق تاشلارنى يول بويى بىر تالدىن تاشلاپ بەلگە قىلىپ مېڭىپتۇ.



ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن ماڭا ـ ماڭا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، بىر يەرگە بارغاندا توختاپتۇ.

ئوتۇنچى بالىلىرىغا ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ئاۋۋال مەن دەرەخ كېسەي، ئاڭغىچە سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ، ئاندىن ئورمانلىقتا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

بالىلار ئويناپ ھېرىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ، «دادا!» دەپ توۋلاپتۇ، ئەمما ئوتۇنچى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى راستىنلا تاشلاپ كەتكىنىگە ئىشىنىپتۇ. گرېتېل يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— يىغلىما، سىڭلىم، بولدى، يىغلىمىغىنا! — دەپتۇ خېنشېل سىڭلىسىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، — ماڭا ئىشەن، دادام بىزنى ئالغىلى كەلمىسە كەلمەۋەرسۇن، مەن سېنى ئۆيگە باشلاپ بارالايمەن!

بالىلارنىڭ تەلىيىگە، بۇ كېچە ئاي تولغان كېچە ئىكەن. خېنشېل سىڭلىسىنى يېتىلەپ، ئاي يورۇقىدا ئاق تاشلارنى بويلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئۆيگە كېلىۋاپتۇ.

ئۇلار قاتتىق ھېرىپ كېتىپتۇ، ئاچلىقتىن قورساقلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ.

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى! — دەپتۇ گرېتېل يىغلامسىراپ.

— چىدا، سىڭلىم، مۇشۇ تاپتا ئۆيدىكىلەرنى ئويغاتساق بولمايدۇ، تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولسۇن، — دەپ پىچىرلاپتۇ خېنشېل.

ئۇلار ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن شەپە چىقارماي كىرىۋاپتۇ. ھارغىنلىق ئاچلىقنى يېڭىپتۇ، ئىككىسى ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۆگەي ئانا ئىككى بالىنىڭ ئورمانلىقتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. ئاچچىقىدا ئۇلارنى دۇشكەللەپ ئويغىتىپتۇ:

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار! كۈن چىققىلى نەۋاق، ئېشەكتەك ئېغىناپ يېتىۋېرەمسىلەر! بېرىڭلار، داداڭلارنىڭ ئىشىغا قارىشىڭلار!

ئۆگەي ئانا بالىلارغا بىر توغرام بولكا ۋە بىر قاچا سۈت بېرىپ، دادىسى بىلەن بىللە ئورمانلىققا يولغا ساپتۇ.

ئوتتۇنچى بالىلىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالماپتۇ، تۈنۈگۈن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ. بالىلارمۇ چاندۇرماپتۇ.

خېنشېل بولكىنى ئۇۋۇتۇپ، يول بويى ئۇۋاقلىرىنى يولغا تاشلاپ بەلگە قىلىپ مېڭىپتۇ. لېكىن، بىر ئىش چاتاق بوپتۇ: ئورمانلىقتىكى قۇشلار بولكا ئۇۋاقلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي پاكىز يەۋېتىپتۇ.





ئوتۇنچى بۇ قېتىم بالىلىرىنى ئورمانلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەنە يالغان ئېيتىپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، ئوتۇنچى بالىلىرىنى ئالغىلى كەلمەپتۇ. گرېتېل يەنە يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمىگە يىغلايسەن، سىڭلىم؟ — دەپتۇ خېنشېل، — مانا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ، قورقما، يولغا بەلگە سېلىپ قويدۇم، بىز يەنە تۈنۈگۈن كېچىدىكىدەك مېڭىپ ئۆيگە بېرىۋالالايمىز.

لېكىن، خېنشېل ھەرقانچە ئىزدەپمۇ بولكا ئۇۋاقلىرىنى تاپالماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— مەن قورقۇۋاتىمەن، ئاكا، — دەپتۇ گرېتېل يىغلامسىراپ، — قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، توڭلىدىم، مېنى ئۆيگە باشلاپ بار.

خېنشېل سىڭلىسىنى بەزلەپتۇ، ئەمما قاپقاراڭغۇ ئورمانلىق، ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىلەرگە قارىغىنىدا، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ تىترەك ئولىشىپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ، ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى، مۇشۇكياپىلاقنىڭ قورقۇنچلۇق سايراشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالغانلىقتىن، چىشلىرى كىرىشىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ خېنشېل ئۆزىنىڭمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا، ئورمانلىقنىڭ ھاۋاسى قاتتىق سوۋۇپ كېتىپتۇ. توڭلاپ كەتكەن ئىككى بالا ئىسسىنىش ئۈچۈن چىڭ قۇچاقلىشىپتۇ.

قۇياش ئورمانلىقنى يورۇتقان چاغدا، ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.



ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن قورقۇنچلۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، قۇ-
ياشنى كۈتۈۋاپتۇ. ئەمما، بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىشى، قۇياش پېتىپ يەنە بىر
قورقۇنچلۇق كېچىنىڭ كېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار
ئاغزىغا بولكىنىڭ ئۇۋىقىنى سېلىپ باقمىغىلى بىر كۈندۈز، ئىككى كېچە
بولدى. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئۆيىگە قايتمىسا بولمايدۇ. بىراق، يول نەدە؟

ئۇلار ئورمانلىقتا ئۇياققا بېرىپ بېقىپتۇ، بۇياققا مېڭىپ بېقىپتۇ،
ئەمما يەنىلا يول تاپالماپتۇ.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان گرېتېل يىغىسىنى توختىتالماي قاپتۇ.
خېنشېلمۇ ئۇنىڭغا يەنە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەپتۇ. لېكىن،
ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان بىلەن بىكار، يەنە ھەرىكەت قىلىش، ئۈمىدنى
ئالدىراپ ئۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك.

خېنشېل سىڭلىسىنى يېتىلەپ، كۆڭلى تارتقان بىر تەرەپكە قاراپ
مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا، ئورمانلىقتىكى بىر بوش يەرگە كېلىپ قاپتۇ.
قارىسا، بۇ يەرنىڭ ئۇ چېتىدە غەلىتە بىر ئۆي تۇرغۇدەك.

ئىككىيلەن ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. خېنشېل ئۆينىڭ تېمىغا قولىنى
تەگكۈزگەنىكەن، قولىغا تامنىڭ بىر پارچىسى چىقىپتۇ.

— ۋۇي، بۇ شاكىلات ئىكەنغۇ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ئۇ بىردىنلا.

— بۇ يەردە سۇتلۇك كەمپۈتمۇ باركەن تېخى!

گرېتېل ئۆينىڭ تېمىدىن بىر پارچىنى سۇندۇرۇۋېلىپ ئاغزىغا ساپتۇ.
ئۇ بۇنداق تەملىك نەرسىنى شۇ چاغقىچە يەپ باقمىغانىكەن.

— بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالايلى، — دەپتۇ خېنشېل ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈك
ۋە ياڭاق مېغىزى ئېلىنغان كەمپۈتنى چايناۋېتىپ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۇ پېچىنىدىن ياسالغان ئىشىكنى يەپ باقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

— ھەي، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟!

تۇيۇقسىز بىر مومايىنىڭ كايىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چىرايىنى قورۇقلار ئۆمۈچۈك تورىدەك قاپلاپ كەتكەن، كۆزلىرى چاشقاننىڭكىدەك ھىيلىگەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرىدىغان بىر موماي بېشىنى چىقىرىپ قاراپتۇ.

مومايىنى كۆرگەن خېنشېل بىلەن گرېتېل قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولغاندا، موماي:

— ماۋۇ ئىككى ئاچ پاقىنى قارىمامدىغان! ھوي، سىلەر مېنىڭ ئىشىكىمنىمۇ سۇندۇرۇپ يېگىلى تۇرۇپسىلەرغۇ!... بولدى، بولدى، قورقماڭلار، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. ئاپئاق بالىلىرىم، ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار دەيمەن! — دەپتۇ.

مومايىنىڭ مۇلايىم ئاھاڭدا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇلار دەسلەپتە شۇنى بىلەلمەپتۇكى، بۇ موماي بىر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ كەمپۈتلەردىن ياسالغان بۇ ئۆيىنى بىخەستىلىك قىلىدىغان، قورسىقىغا ئامراق ئادەم ۋە ھايۋانلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ياسىۋالغانىكەن.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، جادۇگەر موماي ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەننى دەڭسەپ بېقىپ، خېنشېلنى ئات ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ. چۈنكى، خېنشېل بەك ئورۇق ئىكەن.



— ھەي ئاۋاق شۇمتەك، بەرگىنىمنى ئوبدان يەپ تېزرەك سەمرىگىن، شۇ چاغدا ماڭا تاماق بولۇشقا يارايسەن! — دەپتۇ جادۇگەر موماي، ئاندىن گرېتېلغا قاراپتۇ، — ساڭا كەلسەك، سەن ھازىرچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۇر، ئادەم گۆشى يېگۈم كەلگەندە سېنى كاۋاپ قىلىپ يەرمەن!

جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيغان خېنشېل بىلەن گرېتېل يىغلاپتۇ، جادۇگەر مومايدىن رەھىم قىلىپ ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىشىنى سوراپتۇ. لېكىن، جادۇگەر زادىلا ئۇنىماپتۇ.

جادۇگەر خېنشېلنى تازا سەمرىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى بېرىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. گرېتېل بولسا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بوپتۇ.

گرېتېل ئېپىنى تاپسىلا ئات ئېغىلىغا كېلىپ ئاكىسىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىر - بىرىگە دەردىنى ئېيتىپ يىغلىشىدىكەن، جادۇگەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدىكەن. لېكىن، ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلۇشنىڭ ياخشىراق ئامالىنى تاپالماپتۇ.

بالىلارنىڭ تەلىيىگە، جادۇگەرنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن. گرېتېل ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە سىرىقماي سۈركەپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ كۆرەلمەس بولۇپ قاپتۇ.



بىر كۈنى جادۇگەر خېنشېلنىڭ سەمرىگەن - سەمرىمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئات ئېغىلىغا كەپتۇ.

— ھەي شۇمتەك، قولۇڭنى بۇياققا سۇن! بارماقلىرىڭنى سىلاپ باقاي! — دەپتۇ ئۇ خېنشېلغا.

— مانا! — دەپتۇ خېنشېل بىر تال توخۇ سۆڭىكىنى ئۇزىتىپ. بۇنى گرېتېل ئاكىسىغا ئوغرىلىقچە ئەكىلىپ بەرگەنىكەن.



— قانداق ئىش بۇ !
دەپ جاۋۇلداپ كېتىپتۇ جا-
دۇگەر يەرنى تېپىپ ، —
بالانى يېگەندەك يەيسەن ،
ئەمما تېخىچە شۇ پېتى ئو-
رۇق ، ئەبگا تۇرۇپسەن . سې-
نى يەنە بىر مەزگىل باقسام
بولىدىغان ئوخشايدۇ .
جادۇگەر قاقشاپ - قاق-
شاپ كېتىپ قاپتۇ . شۇنىڭ-
دىن كېيىن ، خېنشېل ئۇ-
نىڭ بەرگەن يېمەكلىكلىرى-
نى خاتىرجەم يەيدىغان بوپ-
تۇ . ئەمما ، جادۇگەر ھەر
قېتىم كېلىپ ئۇنىڭدىن قو-
لىنى چىقىرىشنى تەلەپ
قىلغاندا ، ھېلىقى توخۇ سۆ-
ڭىكىنى ئۇزىتىدىكەن . جا-
دۇگەر سۆڭەكنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، يەنە قاقشاپ كېتىپ قالىدىكەن .
بىر ئاي ئۆتۈپتۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە جادۇگەر گرېتېلنى چاقىرىپ :
— چاقىقان ئوت قالاپ دوخوپكىنى قىزىت ، — دەپتۇ ئۇ ئەلپازىنى بۇزغان
ھالدا ، — ئوغۇل بالىنىڭ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپنى ئەجەب يېگۈم كېلىپ
كەتتى . ئۇ شۇمتەكنى ھەرقانچە باقسامۇ سەمرىمىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ
سەمرىشىنى ساقلاپ تۇرغۇدەك تاقىتىم قالمىدى !
جادۇگەر ئاكىسىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن دەۋاتسا ، گرېتېلنىڭ دوخوپ-
كىغا ئوت قالاپ قىزىتىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ ؟ ئۇ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا
مۆكۈنۈۋاپتۇ .
خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ . جادۇگەر گرېتېلنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرىپتۇ ،
ئەمما ئۇ ئۈندىمەپتۇ . كېيىن جادۇگەر چىقىپ دوخوپكىغا تېخىچە ئوت
يېقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە ، تىرىكىپ كېتىپتۇ :
— تازا يارىماس ئىكەنسەن ! بولدى ، ئوتنى ئۆزۈم قالايمەن !
جادۇگەر كوتۇلداپ يۈرۈپ ئوتۇن تېرىپ كەپتۇ ، ئاندىن دوخوپكىغا
ئوتۇن ساپتۇ . ئۇ دوخوپكىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ئەمدىلا ئوت يېقىشى-
غا ، گرېتېل بىر ئىتتىرگەنىكەن ، جادۇگەر دوخوپكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ
كېتىپتۇ . گرېتېل تېزلىك بىلەن دوخوپكا ئىشىكىنى چىڭ يېپىپ قۇلۇپلاپ
قويۇپتۇ .

جادۇگەر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ . گرېتېل ئات ئېغىلىغا بېرىپ خېنشېلـ
نى قۇتقۇزۇۋاپتۇ .

ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن جادۇگەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ . ئەمما ،
ئۇلار ئۆز ئۆيىنى ، دادىسىنى قاتتىق سېغىنىپتۇ ، بىر ئامال قىلىپ ئۆيگە
قايتىشىنىڭ غېمىدىلا يۈرۈپتۇ .

بىر كۈنى ئىككىسى ئۆينى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن
بىر ساندۇقچىنى تېپىۋاپتۇ . ئېچىپ قارىسا ، ئىچىدە لىققىدە تىللا بار ئىـ
كەن . ئۇلار قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . خېنشېل :

— بىز ئۆيگە قايتايلى ! بۇ تىللالارنىمۇ ئېلىپ كېتەيلى ، — دەپتۇ .

ئۇلار ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن يول ئىزدەشكە باشلاپتۇ . ئەتىسى ئۇلار
يەنە يول ئىزدەپ يۈرسە ، بىر كىشى ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك .

— دادام ئىكەن ! دادا ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ گرېتېل بىردىنلا .

ئوتۇنچى ئىككى بالىسىنى كۆرۈپ ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇلارنى
باغرىغا بېسىپتۇ .

— جېنىم بالىلىرىم ، بىچارە داداڭلارنى كەچۈرۈڭلار ، — دەپتۇ ئۇ ياش
تۆكۈپ ، — ئۆگەي ئاناڭلار ئۆلۈپ كەتتى . سىلەرنى ئىزدەپ يۈرگىنىمگە
نەۋاق ! ئەمدى بىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز !

شۇنىڭدىن تارتىپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرى قايتا جەم بولۇپ ، بەختلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ .



# شاھزادە بىلەن مەلىكە

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، پارس مەملىكىتىنىڭ دانىشمەن بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ئۇنىڭ خانىشى ساھىبجامال، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، لېكىن ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك دەپ ھېسابلىمايدىكەن. چۈنكى، پادىشاھ بىلەن خانىشىنىڭ بىللە ياشاۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن.

بىر كۈنلەردە خانىش پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ، ئارىدىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندە ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ پەرزەنت خۇشاللىقىدا پۈتۈن يۇرتقا ئاش تارتىپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا «ئۆمەر» دېگەن ئىسىمنى قويۇپتۇ. بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «پارلاپ تۇرغان يورۇقلۇق» ئىكەن.

پادىشاھ بىلەن خانىش شاھزادىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىسمىغا ئوخشاش پارلاپ تۇرۇشىنى، كەلگۈسىدە دادىسىغا ئوخشاش ياخشى پادىشاھ بولۇشىنى ئۈمىد قىپتۇ.





ئايلار ئۆتۈپتۇ ،
يىللار ئۆتۈپتۇ ، شاھ-
زادە ئۆمەر ئون بەش
ياشقا كىرگەندە بى-
لىمدە ، ھۆسن - جا-
مالدا ، قەددى - قامەت-
تە يېتىلىپتۇ . ئۇ با-
تۇر ، ئەقىللىق ، ئاق
كۆڭۈل ئىكەن ، پۇق-
رالار ئۇنىڭغا ئىنتا-
يىن ئامراقلىق قىلى-
دىكەن .
ئۆمەر ئون سەك-
كىز ياشقا تولغان
كۈنى ، پادىشاھ ئۇنى ھۇزۇرىغا
چاقىرتىپتۇ . شاھزادە ئۆمەر دادىسىنىڭ
ئالدىغا كىرىپ ، تەزىم قىلىپ يەرگە قارىغىنىچە
ئەدەپ بىلەن تىك تۇرۇپتۇ .
— ئۆمەر ، مېنىڭ ئوبدان ئوغلۇم ، — دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئەدەپ-
لىكلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ، — ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ ، تىرىك چېغىم-
دا سېنى ئۆيلەپ قويۇپ خاتىرجەم بولماقچىمەن . ئاندىن كېيىن ، ھايات
چېغىمدىلا سېنى ئۆز ئورنۇمدا مەملىكىتىمگە پادىشاھ قىلىپ تەختىمگە
ئولتۇرغۇزماقچىمەن . سەن كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان بىر قىزنى ئۆمۈرلۈك ھەم-
راھىڭ قىلىپ تاللىساڭ بولىدۇ .
لېكىن ، شاھزادە ئۆمەر :
— مۆھتەرەم دادا ، مەن تېخى كىچىك ، ئۆگىنىدىغانلىرىم تېخى جىق .
ھېلى سىلى تەختنىڭ گېپىنىمۇ قىلدىلا ، ئەمما بۇ ھەقتىكى بىلىمىممۇ بەك
يۇزە ، شۇڭا دۆلەتنى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىۋالسام دېگەن
ئۈمىدىم بار ، ئاندىن كېيىن ئۆيلەنسەممۇ كېچىكمەسمەن ، — دەپتۇ .
— ئوغلۇم ، گېپىڭ ئورۇنلۇق . بىراق ، توي قىلىپ ئۆيلۈك بولۇش
ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — بىلىمنى ئۆيلۈك بولۇپ
بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگەنگىلى بولىۋېرىدۇ .
— لېكىن ، دادا ، ئوغلىڭىز تېخى كۆڭلىگە ھەقىقىي ياقىدىغان بىر
قىزنى تاپقاندىن كېيىن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .
— بوپتۇ ، — دەپتۇ پادىشاھ جىددىي تەلەپپۇزدا ، — ساڭا بىر يىل ۋاقىت
بېرەي .



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com